نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

ئىشچانلىقىغا تايىنىپ نامراتلىق قالپىقىنى تاشلاش بېيىپ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

— مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى مەتسەيدى تۇرسۇن توغرىسىدا

□مۇخبىرىمىز لى شىڭ

مۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر بار، گەرچە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ساقلاپ تۇرماي، تايىنىۋالماي، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تىرىشىپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىغان.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 14 - شى 225 - تۇەن لايسۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەتسەيدى تۇرسۇن دەل مۇشۇنداق ئادەم. 1964 - يىلى تۇغۇلغان مەتسەيدى ياغاچچىلىق قىلىپ باققان، يەر تېرىپ باققان، كالا بېقىپ باققان بولۇپ، ھەقىقىي دېھقان، ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھالبۇكى، مەتسەيدىنىڭ قىزى ئون نەچچە ياشقا كىرگەندە سۆڭەك شالاڭلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، نورمال ماڭالمىدى، ئون نەچچە يىل دوختۇرغا كۆرسىتىش، دورا سېتىۋېلىش ئەسلىدىلا قىيىنچىلىقى بار بۇ ئائىلىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قويدى. 2017 - يىلى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەتسەيدى شى، تۇەننىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ياردىمىدە، ئىشچان بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدى.

مەتسەيدى ئائىلىسىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېتى» ئۇنى ئېكولوگىيە ئورمان مۇھاپىزەتچىسى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلدى، ھەر ئايلىق 1500 يۈەن مائاش مەتسەيدى ئائىلىسىنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. مەتسەيدى ئېكولوگىيە ئورمان مۇھاپىزەتچىسلىك ئىش ئورنىدا ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ياخشى خىزمەت نەتىجىسىگە ئېرىشتى.

2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، لايسۇ كەنت «ئىككى كومىتېتى» تەۋەلىكىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلىدى، مەتسەيدىنىڭ باقمىچىلىق قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى، لېكىن مەبلىغىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، خىزمەت ئەترىتى ئۇنىڭغا «نامراتلارنى يۆلەش چۈجىسى»دىن 200 نى ئاپىرىپ بەردى. تۆت ئايدىن كېيىن، مەتسەيدى باققان چۈجىلىرىنىڭ ھەر بىرىنى 85 يۈەندىن ياخشى باھادا سېتىپ، 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالدى. بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن مەتسەيدى نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى ئېلىتماس قىلىپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئارزۇسى بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ يىراق - يېقىنغا داڭلىق توخۇ بېقىش ماھىرىغا، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى. 2019 - يىلى، مەتسەيدى بىر قېتىمدىلا 2000 دىن ئارتۇق چۈجە، 15 قوي، ئىككى كالا سېتىۋالدى، مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىللىق كىرىمى 60 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن.

مەتسەيدى بېيىغاندىن كېيىن كەنتتىكى ياردەمگە موھتاج كىشىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ كەنتتىكى ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلارنى ھەقسىز بېقىشقا باشلىدى، ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يېدى، بىللە تۇردى، خوتۇنى ياشانغانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بەردى، قىزى ياشانغانلارغا تاماق ئېتىپ بەردى. 225 - تۇەن پارتكومى، كەنت «ئىككى كومىتېتى» بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كەنتتە ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار كۈندۈزلۈك كۈتۈنۈش مەركىزى قۇرۇشنى قارار قىلدى، مەتسەيدى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈتۈنۈش مەركىزى قۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

مەتسەيدىنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن، ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار كۈندۈزلۈك كۈتۈنۈش مەركىزى ئۇنىڭ ئۆيىدە قۇرۇلدى. ھازىر، كۈتۈنۈش مەركىزىگە ھەر كۈنى 40 نەچچە ياشانغان كىشى كېلىپ تاماق يەيدۇ، ئارام ئالىدۇ، مەتسەيدى بىر ئائىلە كىشىلىرى ياشانغانلارنى كۈتۈشنى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ، ھەربىر ياشانغان كىشىنى ئەتراپلىق كۈتمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە، مەتسەيدىنىڭ ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مېنى بۈگۈنكىدەك ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرگەنلىكىگە رەھمەت. كومپارتىيە ياخشى! مەن ھازىر بېيىدىم، ئەمدى جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىمەن، مىننەتدارلىقنى بىلىدىغان ئادەم بولىمەن!»

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى
تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆڭۈلگە پۈكۈش

— مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس قەيسەر مەمتىمىن توغرىسىدا

□مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر

«مەن شان - شەرەپنى قەدىرلەپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ھەربىر ئادەتتىكى ئىشنىمۇ ياخشى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى مۇستەھكەملەيمەن، يۈكسەلدۈرىمەن.» 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مىللەتلەر ئىشلىرى 1 - باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى قەيسەر مەمتىمىننىڭ سۆزىدىن مىننەتدارلىق ۋە قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

2005 - يىلى، قەيسەر ھەربىي قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى غالىبىيەت يولى كوچا باشقارمىسى، بەيگە مەيدانى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىدا مەھەللە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، خىزمەتتىكى ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە يۆتكەپ كېلىندى. قەيسەر قىسىمدىن چېكىنگەن بولسىمۇ، بەرگەن قەسىمىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىدى، مەيلى قانداقلا خىزمەت قىلسۇن، ئۇ ھەممىسنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى، ئەستايىدىل مەسئۇل بولدى، ھەرقانچە چوڭ قىيىنچىلىقنىمۇ ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېڭىپ، باشتىن - ئاخىر ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدىغان، باتۇر، قەيسەر بولۇشتەك ھەربىيچە ئىستىلىنى ساقلاپ كەلدى.

«كىچىكىمدىن ھازىرغىچە مەن ھەر مىللەت بۇرادەرلىرىم، ساۋاقداشلىرىم، خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئىشلەپ، قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن دوستلۇق مېھرى ئورناتتىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، بىز چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىشىمىز كېرەك.» قەيسەر مۇشۇنداق دېدى ھەم مۇشۇنداق قىلدى. بولۇپمۇ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بولغان چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى قىلىشتا، مىللەت، دىن خىزمىتىگە نىسبەتەن چوڭقۇر نەزەرىيەۋى بىلىم بولمىسا خىزمەتنى ياخشى قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ. قەيسەر تەپسىلىي ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيەنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت قائىدىلىرىنى كەڭ ئىگىلىدى.

«بىز جەزمەن ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، دائىم كاللا ئىشلىتىپ، دائىم تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە باشتىن - ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىدە باشتىن - ئاخىر مەيدانىمىزنى مۇستەھكەم، بايرىقىمىزنى روشەن قىلىشىمىز كېرەك، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئاچقۇچلۇق پەيتتە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز» دېدى قەيسەر.

2016 - يىلى، قەيسەر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»قا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتكە قاتنىشىشقا ئاجرىتىلدى، زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن كېسەل بولۇپ ئىش ئورنىدا يىقىلىپ قالدى. 2018 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاشتا ئۈرۈمچى شەھىرى 1 - لىككە ئېرىشتى. خىزمەتداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى ۋەزىيىتىدە قەيسەرنىڭ ئەجرى ۋە تىرىشچانلىقى بار، دېيىشتى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قۇياش نۇرىغا، ھاۋاغا ۋە سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلساق ياشىيالمايمىز. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ھەرىكىتىمىزدە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك، مەن داۋاملىق تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەتنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى دائىم پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمەن» دېدى قەيسەر.

«تۇلپار ماكانى»دا توردا قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان، چوقۇم بارىدىغان جاي تېخىمۇ كۆپەيدى

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، موڭغۇلكۈرە ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجە پۈتۈن رايون ساياھەتى تەرەققىياتىنى تەك تۇتۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن رايون ساياھىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا پۈتۈن رايوننى قاپلاش، پۈتۈن ئاپپاراتنى قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

■ ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىستېرېئولۇق ئورۇنلاشتۇرۇش

ساياھەت كەسپىنىڭ چوڭ تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئاۋۋال بوغما ھالەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. تىرىشىش ئارقىلىق، موڭغۇلكۈرە «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» (مەسىلەن: ھاجەتخانا تېپىش قىيىن بولۇش، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش، ماي قاچىلاش قىيىن بولۇش، يان تېلېفون سىگنالى راۋان بولماسلىق) قاتارلىق ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەتنى ئارقا - ئارقىدىن ئۆزگەرتىپ، ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى.

«ئاپتوموبىل ھەيدەپ موڭغۇلكۈرەگە ئويناغىلى كەلدۇق، ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ غۇلجا - موڭغۇلكۈرە تاشيولىغا چىقىپلا ساياھىتىمىز باشلاندى، يول بويىدىكى مەنزىرە سۈرەتتەك گۈزەل، شېئىردەك جەزبىدار ئىدى. يول بويىدىكى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىمۇ بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، خەتەرلىك يول بۆلەكلىرىدە ساقچى ئاپتوموبىلى يول باشلايدىكەن، يول بويىدىكى بەزى مەنزىرىلىك جايلاردا مەنزىرە تاماشا قىلىش نۇقتىسى ياسىلىپ، ئاپتوموبىلنى توختىتىپ سۈرەتكە چۈشۈشكە قولايلىق يارىتىلىپتۇ. قاراڭ، بۇ، بىز يولدا چۈشكەن ئۆزىمىز تارتقان سۈرەت» دېدى يېقىندا بېيجىڭدىن كەلگەن ساياھەتچى سۇڭ ۋېي.

موڭغۇلكۈرە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ساياھەت چوڭ ئايلانما لىنىيەسىدىن ئۈچنى، سەرخىل كىچىك ئايلانما لىنىيەسىدىن 12نى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزىدىن ئۈچنى، ساياھەت مەسلىھەت مۇلازىمەت نۇقتىسىدىن 165نى، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت، توختاش نۇقتىسىدىن 60 نى قۇردى، يەنە قىچا چېچەكلىك دېڭىزنى بويلاپ سۇلۇق يەر باغچىسىغا تۇتىشىدىغان «ھەسەن - ھۈسەن يولى»نى ياسىدى. نۆۋەتتە، رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن يولى توردا قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان چوقۇم بارىدىغان جايغا ئايلاندى.

■ ئورنىنى دەل جايىدا بېكىتىش خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش

«مەھسۇلات ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، كىشىلەر بىلمىسە بىكار.» ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، موڭغۇلكۈرە ساياھەت لىنىيەسى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئورنىنى دەل جايىدا بېكىتىپ، كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەپ، ساياھەتنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. ساياھەت تونۇشتۇرۇش شۆبە ئەترىتى قۇرۇپ، دومبىرا چېلىپ، لەرزان پادىچى ناخشىسى ئېيتىپ، سىرتلارغا چىقىپ ساياھەتنى تونۇشتۇرۇپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ساياھەتچى مەنبەلىرىگە بېرىپ 140 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق مەخسۇس تونۇشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

مول پۈتۈن رايون ساياھەت بايلىقىغا تايىنىپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى زۇمرەت دېڭىز - ئاپئاق بۇلۇت يولى، يايلاق مەنزىرىسى يولى، تۇلپار قايناق ھېسسىيات يولى، سەھرا مەنزىرىسى يولىدىن ئىبارەت تۆت مەنزىرە كارىدورى ياسىدى. يېزا - كەنت مول ساياھەت بايلىقى ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيىتىگە تايىنىپ، بىناكارلىق ئۇسلۇبى، يانداش ئەسلىھە قاتارلىق جەھەتلەردە «بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات بولۇش»، «بىر كەنتتە بىر تۈس بولۇش» باش تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا خاس ساياھەت پائالىيىتى لايىھەلەپ، چەۋەندازلىق يازلىق لاگېرى، ئات مىنىپ مەنزىرە كۆرۈش، ئۆزى ھېس قىلىش ساياھىتى قاتارلىق ئات ئۈستىدە ھېس قىلىش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى؛ ياۋا ساۋېبى ئۈزۈش رايونى، ئورمان بەلبېغىدا موگۇ تېرىش رايونى خاس ساياھەت ھېس قىلىش رايونى بەرپا قىلدى؛ ئىلمىي تەكشۈرۈشنى ھېس قىلىش لىنىيەسى، ئۆزگىچە ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش بارگاھى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆي ئاپتوموبىلى ھېس قىلىش رايونى قاتارلىق مودا ساياھەت شەكىللىرىنى لايىھەلىدى. خاس، پەرقلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى مەنزىلگاھىنى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى تۇتۇپ قالدى، زېرىكتۈرمىدى.

■ يۇغۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا تۈرتكە بولۇش

ساياھەت يېتەكلەشچانلىقى، يۇغۇرۇلۇشچانلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك كەسىپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى پۈتۈن رايون ساياھىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى بېيىتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاستە قىلىپ، ساياھەت كەسپىنىڭ پۈتۈن رايون، پۈتۈن كەسىپكە ھەمتۈرتكە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇغۇرما كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلدى. «ساياھەت+مەدەنىيەت كەسپى» «ساياھەت+ئاتچىلىق» «ساياھەت+زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى» «ساياھەت+يېشىل سانائەت» «ساياھەت+ساغلاملىق كۈتۈنۈش كەسپى» قاتارلىقلارنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ قاراسۇ بازىرى ئاقچى كەنتى موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىكى چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى بىرلا خىل ئىدى، ساياھەت مىللىي ئۆرپ - ئادەت كەنتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن، ئاقچى كەنتىنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى. چارۋىچى ئالارخان يېسىنبېك ئائىلىسى ئىلگىرى چارۋا باقمىچىلىقىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، يىللىق كىرىمى 20 مىڭ يۈەنگە يەتمەيتتى. ئۇ ساياھەت مەنزىرە رايونىغا تايىنىپ يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، چارۋىچىلار ناخشىسى ئۆزگىچە ساياھەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالغان ئۈچ ئايدا 50 مىڭ يۈەن تاپتى. ھازىر، بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ئاقچى كەنتىنىڭ ئاھالىلىرى يەنە ئويۇن قويۇش ئەترىتى، چارۋىچىلار ئائىلىسى زىيارەت نۇقتىسى قاتارلىق خاس ساياھەت تۈرلىرىنى يولغا قويدى.

موڭغۇلكۈرە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ ساياھەتچىلىكتە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى بەرپا قىلىپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، ساياھەت كەسپى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت مۇلازىمىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش پۇرسىتى يارىتىپ، نامرات ئاھالىلەرنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئالغا سىلجىتتى. نۆۋەتتە، ساياھەت ئارقىلىق خەلقنى بېيىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسىدىن جەمئىي 15نى بەرپا قىلىنىپ، 120دىن ئارتۇق ساياھەت كۈتۈۋېلىش نۇقتىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى، ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىلدى.

بۇ يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى جەمئىي كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 3 مىليون 58 مىڭ 200 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 67% ئاشتى، ئىشقا ئاشۇرغان ساياھەت كىرىمى 1 مىليارد 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 210% ئاشتى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ساياھەت مۇلازىمىتىگە قاتناشقان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 13 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن رايون ساياھەت كەسپ زەنجىرى 40 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، ساياھەت كەسپى 2600دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا بىۋاستە تۈرتكە بولدى، بۇنىڭدىن بىۋاستە نەپ ئالغان نامرات ئاھالە 7800دىن ئاشتى.

تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا «جان» كىرگۈزۈش

— مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس ساۋ فېيمىڭ توغرىسىدا

□مۇخبىرىمىز جيا چۈنشيا

«مۇراسىمغا قاتناشقان ۋەكىل بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقىپ، نەق مەيداندا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدىكى تەنتەنىلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، ۋەتەننىڭ قۇدرەتلىكلىكىنى ھېس قىلدىم، قەلبىم ھاياجان ۋە ئىپتىخارغا تولدى.» 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس دېگەن نامغا ئېرىشكۈچى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزېي كەسىپ باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ساۋ فېيمىڭ مۇراسىمغا قاتناشقان چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ ناھايىتى ھاياجانلاندى.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ساۋ فېيمىڭ كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، تېخىمۇ كۆپ كادىر، ئاممىنى مۇزېيغا كىرىشكە، مۇزېينى ياقتۇرۇپ قېلىشقا جەلپ قىلدى. «ئېكسكۇرسىيەچىلەر بىر قېتىم مۇزېيغا كىرسە، ئەمەلىيەتتە بىر قېتىم جانلىق تارىخ دەرسى ئاڭلىغانغا باراۋەر، ئۇلار ھەربىر تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقىدىن شىنجاڭ تارىخى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى، دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى ۋە مەدەنىيلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇش تارىخىنى توغرا ئىگىلىيەلەيدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ھەر مىللەت ئورتاق ئاچقان، گۈللەندۈرگەن ۋە ياشىغان جاي ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان تارىخىي پاكىت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ» دېدى ساۋ فېيمىڭ. 2018 - يىلى، ساۋ فېيمىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزېينىڭ كەسپىي تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە 60 پارچە سەييارە كۆرگەزمە تاختىسى ياساپ، سەييارە كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ تارىخى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلدى. چۈشەندۈرگۈچىلەرنى كۆرگەزمىگە ئالاقىدار ھېكايىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇ رەھبەرلىككە تەكلىپ بېرىپ، مەخسۇس كەسىپ بويىچە تەربىيەلەشنى تەشكىللىدى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ھۆججەتلىرىنى چوڭقۇر شەرھلەتكۈزدى ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلەپ، چۈشەندۈرۈشنى تېخىمۇ كەسپىيلەشتۈردى، كونكرېتلاشتۇردى. 2018 - يىلى، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن مەھەللە، زاۋۇت - كان، كارخانىلاردا 107 مەيدان قېتىم سەييارە كۆرگەزمە قىلدى؛ بۇ يىل 60 نەچچە مەيدان قېتىم سەييارە كۆرگەزمە قىلدى. بۇنداق جانلىق، بىۋاستە تەشۋىقات شەكلى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ كەڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ساۋ فېيمىڭ يەنە شىنجاڭنىڭ قىزىل تارىخىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ ياشنى تەربىيەگە ئىگە قىلدى. «شىنجاڭنىڭ قىزىل تارىخى ئىنتايىن چوڭقۇر، ياخشى قېزىشقا ئەرزىيدۇ، بىز ‹قۇشقاچ› ناملىق مەنزىرە تىياتىرى، ‹شاۋشەنچۇڭدىن چىقىش› ناملىق قىزىل مەنزىرە تىياتىرى قاتارلىقلارنى تەييارلىدۇق.» ساۋ فېيمىڭ مۇنداق دېدى: بۇنداق شەكىل ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قىزىل ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، قىزىل باش تېمىنى ياخشى بەرپا قىلىپ، قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ساۋ فېيمىڭ يەنە قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىغا چىن مېھرى، چىن ھېسسىياتى بىلەن ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. ئۇ قوشماقلاشقان تۇغقىنى خالىسە خەمىت بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. خالىسە كىچىكىدىنلا ئانىسىدىن پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ تاتلىق - تۈرۈم دۇكىنىنى ئېچىشقا ئىرادە باغلىغانىدى. ساۋ فېيمىڭمۇ تاتلىق - تۈرۈم پىشۇرۇش ھەۋەسكارى ئىدى. ئۇ خالىسەگە تورت پىشۇرۇش تېخنىكىسىنى قولمۇقول ئۆگەتتى. كېيىن خالىسەنىڭ ئائىلىسىدە كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى، ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلدى. ساۋ فېيمىڭ كۆپ قېتىم ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ مۇڭداشتى، ئاخىر خالىسە تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىسى ۋە جاسارىتىنى قايتا تىكلىدى، خالىسە گەرچە قىزنى يالغۇز باقسىمۇ، يەنىلا باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ تۇرمۇشنى بەرپا قىلدى. ھازىر خالىسە تورت سېتىپ، ئايلىق كىرىمى 6000 يۈەندىن ئاشۇردى. خالىسا مۇنداق دېدى: بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ياخشى ئاچام ساۋ فېيمىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن.